## 33679 ـ كۆچلۈكلۈك ۋە ئاجىزلىق ئوتتۇرسىدىكى ئىسلام ۋە غەرب

**سۇئال**

مۇسۇلمانلارگە يۈزلەنگەن بالايى –ئاپەتلەرگە قاراپ ،شۇنى بىلگۈم كىلىدۇ:ئىسلام هايات يولى بىلەن غەربىپ باياشات ـ ئالغا باسقان ۋە كۆچ قۇدرەت هايات ئوتتىرستىكى پەرىق نىمە ؟هەم ئىككى جەمئىەت ئاياللىرىغا بولغان بەلگۈلىمىلەر ئوتتورىسىدىكى پەرىق نىمە؟مەن بۇ دۆلەتلەردىكى مۇسۇلمانلار ئەھۋالىغا قايغۇرۇپ بۇ سۇئالنى سوراۋاتىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

مەدىھىيە ئاللاھقا بولسۇن .

1–بۇ مۇسۇلمانلارغا چۈشۈۋاتقان بۇ بالايى قازالار ۋە مۇسىبەتلەر پەقەت ئۇلار ئۆزلىرى جەمئىەتلىرى ۋە دۆلەتلىرى ھەققىدىكى ئاللاھنىڭ قانۇنلىرىنى تاشلىۋەتكەنلىكتىن چۈشىۋاتىدۇ.ئۇلار ئاللاھقا ياردەم قىلمىسا ،ئۇ قانداقسىگە ئۇلارغا ياردەم قىلىدۇ؟

ئۇھۇد جىڭىدە بىر قىسىم مۇسۇلمانلار پەيغەمبەرگە (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىغى ئۇنىڭغا بولسۇن ) ئىتائەتسىزلىك قىلغاندا ،ئاللاھ ئۇلارنى مەغلوبىيەت بىلەن جازالىدى ،گەرچە ئۇلارنىڭ ئارىسىدا پەيغەمبەر (ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىغى ئۇنىڭغا بولسۇن ) ۋە ساھابىلارنىڭ ئاقسىقاللىرى بولسىمۇ .شۇڭا بۈگۈنكى كۈندە مۇسۇلمانلار ئاللاھقا كىچە –كۈندۈز ئىتائەتسىزلىك قىلىۋىتسا ،ئۇنىڭ دىنى بەلگىلىمىلىرىدىن چىقىپ كىتىۋاتسا (ئاللاھ رەھىم –شەپقەت قىلغانلار ئۇنىڭ سىرتىدا )مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ ئەھۋالى نىمە بولماقچى؟

2–گەرچە مۇسۇلمانلار بالايى_ ئاپەت،مۇسىبەتلەر ئىچىدە ياشاۋاتقان بولسىمۇ ،غەربىپ ئۆز جەمئىەتلىرى ۋە ئۆز ئەھۋاللىرى ھەققىدە دۇچ كىلىۋاتقانلىرى بەكراق ئىغىر ۋە قاتتىقتۇر .يەنى ئىتىقات، ىىخەتەرلىك ،ئائىلە توغرىسىدا،بولۇپمۇ ئاياللارغا موناسىۋەتلىك مەسىللەردە يولىقىۋاتقانلىرى تىخىمۇ ئىغىردۇر.غەربىپ دۆلەتلىرىنىڭ ىيقىنقى ستاتستىكىسىغا قارساق ،ئۇلار ئەھۋالىنىڭ تىخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىكەنلىگىنى كۆرىمىز ،بىز بىر نەچچە مىسال بىلەن قاراپ باقايلى :

بىر قىسىم ياۋرۇپا دۆلەتلىرىدە 65% ئايال ئىشچىلار خىز مەت ئورونلىردا جىنسى پاراكەندىچىلىككە ئۇچرايدۇ .

ئامرىكىدا 18% ئايال ئۆز ھاياتىنىڭ مەلۇم باسقۇچلىرىدا باسقۇنچىلىق قىلىنىدۇ ياكى باسقۇنچىلىققا ئۇرۇنىلىدۇ.

باسقۇنچىلىق قىلىنغان ئاياللارنىڭ يىرىمدىن كۆپرەكى 17 ياشتىن تۆۋەن "ستاتستىكا ،ئوقۇش،رەقەملەر"141 ب.

1993–يىلى ئىيۇن بىلەن فىۋرال ئارىسىدا كانادادىكى بىر تىلفۇن بىلەن بولغان 12300 ئايال ھەققىدىكى ستاتستىكىدا :

كانادا ئاياللىرنىڭ يىرىمى 16ياشتىن كىيىن جىسمانى ياكى جىنسى زورروۋانلىق ۋەقەسىگە ئۇچۇرغان .

45% تى ئۇلارغا ناتۇنۇش ئەرلەر تەرىپىدىن چىقىلغان .

23%تى ناتۇنۇش كىشلەر تەرىپىدىن چىقىلغان .

23%تى نىكاھ ماجراسى سەۋەپلىك قورال بىلەن چىقىلىنغان . "ستاتستىكا ،ئوقۇش،رەقەملەر"141 ب.

ئامرىكىدا:

ھەر يىلى بىر مىلىيوُن هارامدىن بولغان بالا توُغۇلىدۇ،

12مىلىيوُن بالا ئۆيسىز ھەم ناچار مۇھىتتا ياشايدۇ.

ھەر يىلى بىر مىلىيوُن بالا ئالدۇرۇشتىن بولىدۇ.

ئەنگىلىيىدە:

بىر يىلدا 25مىلىيوُن شەھۋانى مەزمۇندىكى تېلفوُن خاتىرلەنگەن.

لاتىن ئامرىكىسىدا 40 مىلىيوُن بالا ئۆي ماكانسىز.

شىۋىتسايىە قانوُنى ئاكا –ئۇكا بىلەن ئاچا –سىڭىلنىڭ توي قىلىشىنى رۇخسەت قىلىدۇ.

"ستاستىكا ،ئوقۇش،رەقەملەر"150 ب.

بىز سىنىڭ ئىسلام دىنى بىلەن پەخىرلەنگەنلىكىڭگە مۇسۇلمانلار ھەققىدە ھامىلارچە قىزغانغانلىقىڭغا رەھمەت ئېيتىمىز .

ئاللاھتىن بىزگە ۋە ساڭا كۈچ قۇۋۋەت بىرىشىنى سورايمىز،ھەمدە ئاللاھ ھەممە كۈچ قۇۋۋەتنىڭ مەنبىيى.